ئافرىقىدىكى كۆپ دۆلەتنىڭ ھەم ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق دىپلوماتلىرى شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى:

# ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى جەمئىيەتنىڭ ئىناق تەرەققىي قىلغانلىقىنى تەرىپلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ بىڭ)** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، بۇرۇندى، ئۇگاندا، لېسوتو، جەنۇبىي ئافرىقا، بۇركىنافاسو، كونگو(براززاۋىل)، مۇزامبىك، جىبۇتى، سۇدان، زىمبابۋې قاتارلىق 16 ئافرىقا دۆلىتى ھەم ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى شىنجاڭ ئۈرۈمچى، تۇرپانغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى. ئەلچىلەر مەھەللە، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى، مەسچىت، كارخانا قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىناق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەم ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تەرىپلىدى، جۇڭگو ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى كېرەك دەپ قارىدى.

ئەلچىلەر 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، مېتروغا ئولتۇرۇپ ئايروپورتتىن شەھەر رايونىغا كېلىپ، گۈزەل شىنجاڭ سۈرەت كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان گۇيۈەنشياڭ مەھەللىسىگە كېلىپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئىگىلىدى، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازارغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ خاس مىللىي كىيىم - كېچەك، چالغۇلىرى ھەم يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى، ھەم شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇزىكىلىرىغا جور بولۇپ ئۇسسۇل ئارتىسلىرى، ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە خۇشال ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى راخمانتالا ئوسمان مۇنداق دېدى: «بۇ مېنىڭ گۈزەل شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم زىيارەتكە كېلىشىم، بۇ يەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مەدەنىيەت ۋە مىللەتنىڭ كۆپ خىللىقى دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا قايىل بولدۇم. شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ئوخشاشلا كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىكەن، جۇڭگو - ئافرىقىنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇرۇندىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مارتىن مۇبازۇمۇدىما مۇنداق بىلدۈردى: «بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىر قوللىنىپ، پائال ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى كۆردۇق، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ».

ئەلچىلەر شىنجاڭ نۇقتىلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو مىساللىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىدىقۇت رايونى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى زىيارەت قىلدى. ئۇگاندانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كرىسپۇس كىيونگا مۇنداق بىلدۈردى: «شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇققا زەربە بېرىش جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپتۇ، تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ياشلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپتۇ. ئۇگاندانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقا دۆلەتلىرى تېررورىزمدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك ئېلىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ.» جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىسى باۋبوسىن مۇنداق دېدى: «تېررورىزمنىڭ ئاممىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى جىسمانىي جەھەتتىلا بولۇپ قالماي، پسىخىكا جەھەتتىن تېخىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە پائال تەدبىر قوللىنىپتۇ، ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىتتا زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى يۈز بەرمەپتۇ، بۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ».

تىككۈچىلىك، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق كەسپىي ماھارەت تەربىيەلەش سىنىپلىرى ھەمدە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ياتىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، لېسوتونىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لېسۇن سەتتانى مۇنداق دېدى: «مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئۇسۇلغا قوشۇلىمەن، بۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىغا مەسئۇل بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ يەردىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر ناھايىتى خۇشال ئىكەن، نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپتۇ. مەن دۆلىتىمگە جۇڭگونىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىمەن.»

زىمبابۋېنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى رانگاربراي مۇزاپۇ تەربىيەلەنگۈچىدىن مەركەزنىڭ دەرس تەسىس قىلىش، كۈندىلىك تۇرمۇش ھەمدە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىستىقبالىنى ئىگىلەپ، ئۇنى تىرىشىپ ماھارەت ئۆگىنىپ، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىشقا، ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا ئىلھاملاندۇردى. كۆپلىگەن ئەلچىلەر مۇنداق بىلدۈردى: «غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە دائىر خەۋەرلىرى يالغان سۆزلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساختا ياخشىچاق قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، بىز ھەقىقىي شىنجاڭنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ چۈشىنىشىمىز كېرەك».

ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت داۋامىدا، ئەلچىلەر جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتىگە يۈكسەك باھا بەردى. شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىدە، ئەلچىلەر شۆيۈەن مۇدىرى ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىيازدىن مەكتەپنىڭ دەرس تەسىس قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى. سومالىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەلى مۇھەممەد ھۈسەيىن مۇنداق بىلدۈردى: «سومالىمۇ تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، تېررورچىلار دىننى دەستەك قىلىۋېلىپ نۇرغۇن ياشنى تۈيۈق يولغا باشلىدى، دىن شۆيۈەنىنىڭ مۇسۇلمان ياشلارنى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش سورۇنى ۋە پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم، بۇ، سومالىنى ياخشى ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىدى».

جىبۇتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى خادار روبلار تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىدىقۇت رايونى قازىخان مەسچىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «بۇ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە مەسچىت جىبۇتىدىكى مەسچىتكە ئوخشاشلا ياخشى قوغدىلىپتۇ، مەسچىت باشقۇرۇلۇش ۋە ئېتىقادچىلار ناماز ئوقۇش جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تەرتىپلىك ئىكەن».

ئەلچىلەر تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىدىقۇت رايونىدا ئۈزۈمچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، كارىزنى قوغداش بىلەن ساياھەتچىلىكنى ئېچىش، يار بازىرىدىكىلەرنى كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار، ئەلئارا سەنئەتچىلەرنىڭ «نازىركوم» ئويۇنى ھەم مىللىي چالغۇلاردا مۇزىكا ئورۇنلىغانلىقىنى كۆردى.

كونگو (براززاۋىل)نىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى ئالبېرت ئايلانكا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپتۇ، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى دەل شىنجاڭنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر. بىز بۇ يەردە ئىلگىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ كۆپ يۈزبەرگەنلىكىنى بىلىمىز، لېكىن ھازىر تىنچ، خاتىرجەم ئىكەن، بۇنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش ۋە تەرەققىيات جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرۈلگەن، بۇ، بىزنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يېرىمىز».

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

## يۇرتىمىز ئۆزگىرىپ گۈزەل، باياشات بولدى

□ كەلپىن ناھىيەلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كادىرى باھارگۈل ئەھەت

مېنىڭ يۇرتۇم كەلپىن ناھىيەسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، «چامغۇر يۇرتى» «تۆگە يۇرتى» «ئۆرۈك يۇرتى» دېگەن چىرايلىق ناملىرى بار.

مەن كەلپىندە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم، يۇرتۇمدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆردۈم.

«بىر كاناي بىلەن پۈتۈن ناھىيەگە ئاڭلىتىش، بىر كوچىدا يەتتە چىراغ بولۇش.» بۇ ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ كەلپىن ناھىيەسىگە يىغىنچاقلاپ بەرگەن باھاسى. ئېسىمدە قېلىشىچە، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، يوللار ھەمىشە ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى، كەچتە تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە پەقەت كىرسىن چىراغ ياندۇراتتۇق، ئادەم ۋە چارۋا بىرلىكتە كۆل سۈيى ئىچەتتۇق، قاتناش قورالىمىز ئېشەك ھارۋىسى بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىمۇ ئېشەككە تاينىناتتۇق.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشقا ئەگىشىپ، ئەتراپىمىزدىكى مۆھتىشەم كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، بۈگۈنكى كەلپىن ناھىيە بازىرى ئۆزگىرىپ ناھايىتى گۈزەل بولۇپ كەتتى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل توپىلىق يوللار ئاللىقاچان كەڭ، پاكىز ئاسفالت يوللارغا ئۆزگەردى، دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ، يول بويلىرىغا يول چىراغلىرى ئورنىتىلدى. كىشىلەر ئىلگىرىكى كېسەك ئۆيلەردىن قاتار كەتكەن رەتلىك ئۆزگىچە ئولتۇراق بىنالارغا كۆچۈپ كىردى؛ پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدە دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسى ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى؛ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىدىكىلەر تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولدى؛ ئالاقىلىشىش تېخىمۇ قولايلاشتى، تېزلەشتى، يان تېلېفون كىشىلەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسىگە ئايلاندى.

ھازىر كەلپىن ناھىيەسى ئۆزگىرىپ بارغانسېرى ئاۋاتلاشتى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ تىنچ - خاتىرجەم، بەختلىك بولدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كەلپىننىڭ يېزا - كەنتلىرىنىڭ قىياپىتىمۇ پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى. پۈتۈن جەريانلىق ۋاكالىتەن بېجىرىش كەنت ئاھالىلىرىنى ناھايىتى زور قولايلىقلار بىلەن تەمىنلىدى؛ «ئىش بولسا ئاۋۋال خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنى ئىزدەش» بىر خىل ئادەتكە ئايلاندى، چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنكاس قايتۇرۇلدى، ھەممىسى ھەل قىلىندى؛ «تۆتنى كېڭىشىش، ئىككىنى ئاشكارىلاش» كەنت ئاھالىلىرىدە كەنت ئىشلىرىغا قاتنىشىش زور قىزغىنلىقنى پەيدا قىلدى، ھەر يىلدىكى ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى كەنتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى، يۇرتداشلار ئەتىگەندىلا كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ، ئاستا - ئاستا چىقىرىلىۋاتقان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا نەزەر سېلىپ، بىرلىكتە دۆلەت شېئىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى تەبىئىي پەيدا بولدى؛ ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى، دېھقان - چارۋىچىلار كەچلىك مەكتەپنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق دەرسخانىسى ۋە تۈرلۈك تېخنىكا ماھارەتنى بويىچە تەربىيەلەشمۇ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيدى، ئىشلەمچىلەرنىڭ كىرىمى ئاشتى؛ كەنت مەدەنىيەت مەيدانى، پائالىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا قاتارلىق سورۇنلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى ھەم دائىم مول، رەڭدار ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ھەر مىللەت ئامما ئەڭ ياقتۇرىدىغان سورۇنغا ئايلاندى.

يۇرتۇم ئۆزگەردى، ئۆزگىرىپ گۈزەللەشتى، ئۆزگىرىپ باياشات بولدى. كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئىنتايىن شادلىققا تولدى، ئۆزۈمنى ھەم خۇشال ھەم بەختلىك ھېس قىلدىم. مەن يۇرتۇمنىڭ پارتىيەنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ بارغانسېرى گۈللىنىشىگە، ۋەتىنىمىزنىڭ بارغانسېرى قۇدرەت تېپىشىغا چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

## پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شاۋكەت ئىمىن مۇنداق كۆرسەتتى: 40 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ئىزدىنىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا يۈكسىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇش داۋامىدا كۈچىيىپ، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەممۇ قەدەم مېڭىپ، ئىسلاھات بىلەن تەڭ رىتىمدا بولۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلقنىڭ بەختى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىللە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەرلىك خاسلىقنى نامايان قىلىدىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، بۇ مۇھىم تەجرىبىلەر بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە، بىز يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، 40 يىلدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە توپلانغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەردە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيەت خاسلىقى، دەۋر خاسلىقىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشىمىز ۋە كېڭەيتىشىمىز كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى جاسارەت بىلەن يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا 40 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شىخەنزە شەھەرلىك، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك، پىچان ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ، جاۋ چۇڭجيۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

## ئاپتونوم رايونىمىز مۇھىت تەسىرىنى باھالاشتىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش «ئورۇن بوشىتىش»، مۇلازىمەت «تۆرگە چىقىش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش جەھەتتە، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، قويۇپ بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەت ئىسلاھاتىنى ئەلالاشتۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى قايتا تۈزۈپ، دەرىجىگە ئايرىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ، مۇھىت تەسىرىنى باھالاشتىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە بېرىپ، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى تىزىملاش جەدۋىلىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئەنگە ئېلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ، ئىش جەريانىدا، ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمى قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنىڭ مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ۋە ئېكولوگىيەنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا كۈچ قوشتى.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشتا توردا قوبۇل قىلىش، توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سۇپىسى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تىزىملاش جەدۋىلىنى توردا ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكلى ئۆزگەرگەن تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى يولغا قويۇشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا پەرقلىق سىياسەتنى يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىق قاتارلىق يەتتە تۈردىكى سەككىز قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ھۆججىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا مەسئۇل تارماقلىرىغا بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنىڭ ئۈنۈملۈكلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، ھەمكارلىشىش مېخانىزمى ۋە تارماقلار، كارخانىلارنىڭ مەسىلىلەرنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى؛ ئىچكى قىسىمدىكى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شارائىتقا قاراپ دەل جايىدا تەدبىر قوللاندى؛ مۇددەتتىن بۇرۇن تۇتۇش قىلىپ، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلدى؛ ۋاقتىدا ئەسكەرتىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق پىلان ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تېز ئالغا سىلجىتتى؛ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشىنى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەلىك قوغداشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇھىت تەسىرىنى باھالاشتىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى باش بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رايون بوشلۇقى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى باھالاش ھەم «ئۈچ سىزىق، بىر تىزىملىك» (ئېكولوگىيەنى ئاسراش قىزىل سىزىقى، مۇھىت سۈپىتى تۆۋەن سىزىقى، بايلىقتىن پايدىلىنىش يۇقىرى سىزىقى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىجازەت تىزىملىكى)نى تۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلەۋېتىپتۇ. «ئۈچ سىزىق، بىر تىزىملىك»نى تۈزۈش ئارقىلىق، رايون ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىستېمىسى ئوبيېكتىپ باھالىنىپ، تۈرلۈك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت باشقۇرۇش تۈزۈمى سىستېمىلىق جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، بىر پارچە خەرىتىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي تەلىپى بىرتۇتاش ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ھۆججىتىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلىدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆركەم تەبىئىي مەنزىرىسى، گۈللەپ ياشنىغان تەرەققىيات ۋەزىيىتى جانلىق، تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق مەركەزلىك نامايان قىلىنغان بولۇپ، كۆرۈنۈشتە 24 سائەتكە ئىخچاملانغان شىنجاڭ گۈزەل، ئىناق بولۇپ، كىشىنى تەلپۈندۈرىدۇ.

بۇ سىندا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قىسقىغىنا ئىخچاملىنىپ، تاغ - دەريالار نامايان قىلىنىپ، شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. ھالبۇكى، 70 يىللىق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەرگىزمۇ بىردەمدىلا قولغا كەلگەن ئەمەس، ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئەۋلادمۇئەۋلاد تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە ئارقا - ئارقىدىن جاپاغا چىداپ ئىشلىگەن، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغان 24 سائەتتە ۋۇجۇدقا كەلگەن.

بىر تۈمەن يىل بەك ئۇزاقتۇر بەك ئۇزاق، تۇتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇرۇپ. سىندىكى 24 سائەت كىشىگە سانسىزلىغان كۈرەشچىنىڭ ئوبرازىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قىياپىتىنى مۇجەسسەملىدى، بۇ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ گۈزەل قىياپەت.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)